# باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە شەرقىي جۇڭغارنى زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كەسپلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

بايلىق ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، تىرىشىپ ئېنېرگىيە ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چوڭ تىپتىكى زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كارخانىسى شىنجاڭ گوتەي شىنخۇا خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونىغا كىرگەندە، قازان، مۇنار، سىمان باكلار قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش بۆلۈمىدە كارخانا مەسئۇللىرى ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى، تەننەرخنى كونترول قىلىش، كەسپلەرنىڭ ئۇزارتىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، كارخانىنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيەدە تۇرىۋاتقانلىقى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇ جايدىكى 2000دىن كۆپرەك كىشىنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەرلەر بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلارغا ياردەم بېرىش بويىچە قوشماقلىشىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىياتنى تۇتۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئامىغا ئىش تېپىپ بېرىپ، پۇل تاپىدىغان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەختلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، ئىسلاھات - تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

سانجى - گۇچۈەن ±1100KV ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئوخشاش تۈردىكى قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئېلېكتر بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يەتكۈزۈش سىغىمچانلىقى ئەڭ زور، ئارىلىقى ئەڭ يىراق، تېخنىكىسى ئەڭ ئىلغار قۇرۇلۇش. چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىغا كېلىپ، نەق مەيداندا تورنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش سۈرئىتى، سىناق تەرىقىسىدە ئايلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى. چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرىكى. ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تولۇق تايىنىپ، ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەۋزەللىكىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى قىسمەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىي تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش، نەتىجە - ئۈنۈم يارىتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى دۆلەتنىڭ زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كەسپىدە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كىرگۈزۈش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسى. شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش چوڭقۇر تونۇش يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ تەلىپى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەلىپى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تەلىپى. ئىككىنچىدىن، تەرەققىيات ئورنىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، كەسپلەرنىڭ كۆچۈملەشكەن تەرەققىياتىغا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇپ، ئايلانما ئىقتىساد كەسپ زەنجىرى ۋە كەسپ توپىنى بەرپا قىلىپ، بايلىق، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، شەرقىي جۇڭغارنى زامانىۋى كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى كەسپلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەمدە سودىگەر چاقىرىش، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئېچىش، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تىرەك بولۇش، يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇلۇش قىلىش، يۇقىرى ئۈنۈمدە تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەرقىي جۇڭغارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى يېڭى موتور بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈش كېرەك. نىشان ئورنىنى بېكىتىش، بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم ئامىللارنىڭ تەقسىملىنىشى، يىرىك پىلان ئۇسۇلىنى ياخشى ئىگىلەپ، يېقىنقى مەزگىللىك يىرىك پىلاندا ۋاقىت چېكى ۋە نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلاندا ئۇزاقچە تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەمدە شەرقىي جۇڭغارنىڭ يىرىك پىلان لايىھەسىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بەشىنچىدىن، تىرىشىپ يېڭى ئەۋزەللىك يارىتىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرقىي جۇڭغارنىڭ مۇقىملىق، مۇھىت، يەر، ئىختىساسلىقلار، ئادەمىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىنى شەرقىي جۇڭغارغا ماكانلاشتۇرۇشقا، مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە، تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇشقا جەلپ قىلىش كېرەك. ئالتىنچىدىن، ياخشى سىياسەت مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى سەپىگە بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەشكە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مېھىر - مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر تەرەپلىمە ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ياخشى مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

شۇ خېيرۇڭ، پېڭ جياۋىي، جاۋ چىڭ، ۋەن خېيچۈەن قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.

# ئېبىنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇشلار ماكانلىشىدىغان مۇھىم جايغا ئايلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئېبىنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدىكى 54 ئائىلىلىك چارۋىچى باشقا جايغا كۆچۈرۈلدى، دەرەخ كېسىش، ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق باقمىچىلىقى ۋە ئارتېمىيە قوڭغۇزى تۇتۇشى چەكلەندى. ئېبىنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى سۇ ئىشلىتىشنى بىرتۇتاش باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئېبىنۇر كۆلىگە سۇ تولۇقلاش، سۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى.

بورتالا ئوبلاستى يەنە سۇ تېجەپ سۇغىرىش، قۇمدىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلىدى، نۆۋەتتە، كۆل سۈيىنىڭ كۆلىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ 805 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، كۆل يۈزى سۇلۇق يېرى 30 مىڭ مو كۆپەيدى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ سىستېمىلىق ياخشىلىنىشى ئېبىنۇر كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئۈسۈملۈكلەر ئۆسۈپ يېتىلىدىغان خىيالىي تۇپراققا، قۇشلار ماكانلىشىدىغان گۈزەل جايغا، ياۋايى ھايۋاناتلار چېپىپ يۈرىدىغان شادلىق باغچىسىغا ئايلاندۇردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئېبىنۇر كۆلى سۇلۇق يەر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ھازىر ياۋا ئۈسۈملۈكتىن 579 خىلى، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ئۈسۈملۈكتىن 12 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېبىنۇر كۆلى قېيىنى، ئېبىنۇر كۆلى چۈجگۈنى، ئېبىنۇر كۆلى قاتتىق مېۋىلىك چۈجگۈنى قاتارلىق خاس تۈرلەر قايتا ھاياتىي كۈچكە تولدى، بۈركۈت، سېرىق تىرناقلىق لاچىن، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋاناتلارمۇ مۇھاپىزەت رايونىدا كۆپىيىشكە، پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

«بۇ بىرنەچچە يىلدىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ مۇھىتىدا ياخشىلىنىش بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ‹تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق بىر ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى› دېگەن ئىدىيەدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇلۇپ، سىستېمىلاشقان قوغداش، تۈزەش ئارقىلىق مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ» دېدى ئېبىنۇر كۆلى سۇلۇق يەر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ياۋ شۈين.

# داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش: ئىنچىكە مۇلازىمەت قىلىش ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

**■ ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولدى، خەلققە قولايلىق بولدى**

شىنجاڭنىڭ داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشتىكى مۇھىم تەدبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش «داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى ۋە «ساغلام شىنجاڭ» قۇرۇلۇشىنىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى. قانداق قىلغاندا ياخشى سىياسەتنى قەلبلەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئەلگە تېخىمۇ نەپ يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ - ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىقتىن، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئىلگىرى - كېيىن ئون نەچچە قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى داۋالاش خادىملىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئون يېزا - بازارلىق شىپاخانا، يەتتە كەنت داۋالاش ئۆيىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، قىسمەن مەسىلىلەرنىمۇ بايقىدى، مەسىلەن، ئاساسىي قاتلامنىڭ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، داۋالاش خادىملىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تەخىرسىز بولۇش، سالامەتلىك تەكشۈرۈپ ئەلگە قولايلىق يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنىڭ دەل جايىدا بولۇشى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىقلار.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، بەزى داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتلىرى خادىملىرىنىڭ تېخنىكا مۇلازىمەت سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، دەرھال تەدبىر قوللىنىپ تۈزەتتى، بىر تەرەپتىن، كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 7 - ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ نەپەر كەنت دوختۇرىنىڭ ھەممىسىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشكە باشلىدى. نۆۋەتتە، كەنت دوختۇرلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. يەكەن ناھىيەسىدىكى ھەرقايسى يېزا، بازار، كەنتلەرنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈش مەركەزلىرىدىكى 328 نەپەر كەنت دوختۇرى سالامەتلىك تەكشۈرۈش تەلىپى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش تۈرى، سالامەتلىك تەكشۈرۈش تەرتىپىدىن تارتىپ تېخنىكىلىق مەشغۇلات قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغىچە سىستېمىلىق تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلدى. يەكەن ناھىيەسى بەشكەنت بازارلىق شىپاخانىنىڭ دوختۇرى گۈلقىز نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: «تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مېنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىم ئۆسۈپ، ئامما ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلالايدىغان بولدۇم». يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى جايلاردىكى يېزا - بازارلىق شىپاخانىلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، خىزمەت ۋاقىت جەدۋىلى تۇرغۇزدى، 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنىڭ ئۆلچەملىشىش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بايقالغان سالامەتلىك تەكشۈرۈش مۇلازىمىتىنىڭ دەل جايىدا بولۇشى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇم مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدا خاسلاشقان مۇلازىمەتنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قارىتا رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. بۇ، دېھقان - چارۋىچى ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئويلىشىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش ۋاقتىنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرى، سالامەتلىك تەكشۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە توپقا ھەرىكەتچان سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئاپتوموبىلى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش؛ سالامەتلىك تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىغا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېتەكلەش بەلگىسى ئورنىتىش، يېتەكلىگۈچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاچ قورساق سالامەتلىك تەكشۈرتۈۋاتقان ئاممىغا قۇۋۋەتلىك تاماق تەييارلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاساسىي قاتلام سەھىيە - ساغلاملىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو ۋېيجياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىشتا جەزمەن خىزمەتنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. كېيىنكى قەدەمدە، بىز تەدبىر قوللىنىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش بىلەن «ساغلاملىقتىن مەسلىھەت بېرىش، ساغلاملىق تەربىيەسى، ئېغىر كېسەللەرنى ئايرىپ تەكشۈرۈش»نى بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك كېسەللەرنى «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر داۋالاش»نى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

**■ ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ئۈنۈمى كۆرۈلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى دىققەتنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ باش تېما ئاساسىي لىنىيەسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت - بۇرچقا، كەمتۈكلۈك، ئاغرىش نۇقتىسىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش يىراق بولۇش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى - داۋالاش باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ شياۋمىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئارقىلىق بايقىلىشىچە، رايون ھالقىغان مەخسۇس بۆلۈملەر ئىتتىپاقى 2017 - يىلى تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت ئىكەن. مەسىلەن، ئەلا سۈپەتلىك بايلىق ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلامنىڭ ياردەم بېرىش، يېتەكلەش مۇلازىمەت ئىقتىدارى تېخى يېتەرلىك بولمىغان؛ ئاپتونوم رايونىمىز رايون - ۋىلايەت - ناھىيە بويىچە يىراق مۇساپىلىك داۋالاشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى چوڭ يىراق مۇساپىلىك داۋالاش شۆبە مەركىزىنى قۇرغان، ھەرقايسى شۆبە مەركەزلەرنىڭ ھەممىسى 100دىن ئارتۇق داۋالاش ئاپپاراتىنى تۇتاشتۇرغان، لېكىن بۇ ئىككى شۆبە مەركەز ئۆزئارا تۇتاشمىغان بولۇپ، بايلىقنى بىرلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش تولۇق بولمىغان.

تۈگۈننى توغرا تېپىپ، كېسەلگە قاراپ دورا بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى «مەخسۇس بۆلۈملەر ئىتتىپاقىغا كەسپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەخسۇس بۆلۈملەر ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەشكىللىي قۇرۇلما سىستېمىسى، نىزامنامىسى ھەمدە مۇناسىپ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بايلىقنى بىرلەشتۈرۈش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىش قىيىن مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزدى.

يىراق مۇساپىلىك داۋالاش سىياسىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرىگە تايىنىپ، يىراق مۇساپىلىك داۋالاشتا بىر نۇقتىنى كۆپ نۇقتا بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش، كۆپ نۇقتىنى كۆپ نۇقتا بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ كېسىشىش، چوڭ يۇغۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەلا سۈپەتلىك داۋالاشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ بايلىقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، تېخنىكىلىق ياردەم بېرىش - يېتەكلەش ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پۇقرالارنى ئىشىك ئالدىدىلا يۇقىرى دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بايلىقىدىن بەھرىلىنەلەيدىغان قىلدى.

يېقىندا، 31 ياشلىق ئۆمەرجان ئابلا بەلباغسىمان قوقاق سەۋەبلىك گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالدى، داۋالاش ئارقىلىق، كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلاندى. ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى مەن كېسەل كۆرسەتسەم ھەمىشە خوتەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا باراتتىم، گۇما ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىمۇ چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭكىدەك دىياگنوز قويۇش - داۋالاش سەۋىيەسىدىن بەھرىلىنەلەيدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىمەن».

**■ ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئىنتىزار بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى**

ئومۇمىي خەلق ساغلام بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئىشنى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئىنتىزار بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ باش تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى. تۇبېركۇليوز كېسەلنىڭ ئاسان تارقىلىشى ۋە يۇقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنى چۆرىدەپ، ئون نەچچە قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، تۇبېركۇليوز كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىنچىكە بولماسلىق، چوڭقۇر بولماسلىق، خىزمەت سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتى ھەمدە مەسىلە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، 12 تۈرلۈك تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەسىلەن، تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئايرىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، يۇقۇملۇق تۇبېركۇليوز كېسىلى ئاغرىقلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئايرىپ داۋالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يۇقۇمسىز مەزگىلدىكى ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇۋۋەتلىك ناشتىلىق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش قاتارلىقلار. ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى پائال مۇھاكىمە قىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەتنىڭ تۇبېركۇليوز كېسىلىنى توسۇش ھەرىكەت پىلانى(2022 ــ 2019)نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى قەدەمدە، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرگە ئارخىپ تۇرغۇزۇپ كارتا بېجىرىش، ئائىلە دوختۇرلىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش، ساغلاملىق تەربىيەسى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاممىغا ئېتىبارسىز قارىماسلىقىمىز، ئاممىنىڭ دەردىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەتكە موھتاج، پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى «يۆنىلىش بەلگىسى» قىلىشقا تېخىمۇ موھتاج. ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى ئەسلىي مەقسەت - بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىنى تەكشۈردى - كۆزەتتى، تۈزەتتى - ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەربىر تۈرلۈك تەدبىر ساغلاملىق، ئىللىقلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئامانلىقى، ساغلاملىقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك داۋالاش ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ساغلاملىق پايدىسىدىن ھەر مىللەت ئاممىسىنى مەنپەئەتلەندۈردى، ھەربىر ئەمەلىي ئۆزگىرىش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەنلىكىگە گۇۋاھ بولدى. قانداق قىلغاندا ياخشى سىياسەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، چىن قەلبى بىلەن، باش قېتىنچىلىقنى تۆكتىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، مەسىلىنى توغرا تېپىپ، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، پۇقرالارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.